## 374033 ـ ئېنىقسىز پايدا نىسبىتى بىلەن سودا مەركىزىگە مەبلەغ سېلىش توغرىسىدا

### سوئال

مەن گېرمانىيىدە تۇرىمەن، ئىنتېرنىتتىن تور ساھەسىدە سودا ـ سېتىق قىلىدىغان ئېلېكتىروْنلۇق سودا بازىرىنى تاپتىم، بۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، بىر كىشى ئېلېكتىروْنلۇق سودا بازىرىغا مەبلەغ سالسا، توردىن پۇلنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭدىن پايدىسىنى ئالىدىكەن، ئەمما پايدا مەلۇم مىقداردا دەپ بېكىتىلمىگەن، مەن بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئوقۇپ چىقتىم، پايدا 10% دىن 50% گىچە بولىدىكەن، مەسىلەن: ئېلېكتىروْنلۇق سودا مەركىزى ھېسابىغا يۈز دوللار ئەۋەتسەم، شۇ كۈنى شىركەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سېتىۋالىدىغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ ئەۋەتىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنى سېتىۋالغاندىن كېيىن يەنى كىيىم ـ كېچەك، تەنتەربىيە سايمانلىرى قاتارلىق نەرسىلەر بولۇپ، ئۇنى ئىدارىنىڭ تور بېتىدە ساتىدۇ، ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەسلى باھاسى ۋە پايدىسىنى بايان قىلىدۇ، مۇشۇ نەرسىلەردىن بولغان پايدىنى مېنىڭ ھېسابىمغا قېتىۋېتىپتۇ، بۇ ئىش كۈندىلىك بۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ، مەن كۆزىتىپ باقتىم، دوستلىرىمنىڭ ئالغان پايدىسى مۇقىم بولمىسىمۇ لېكىن 10% ئەتراپىدا  يەنە سېتىلغان مالنىڭ ھېسابى بويىچە بولىدىكەن، بۇ شەكىلدە ئالغان پايدا توغرىمۇ ياكى جازانىغا كىرەمدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ھەر قانداق شىركەت، بانكا ياكى ئېلېكتىروْنلۇق سودا ئورۇنلىرىغا مەبلەغ سېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى شەرتلەرگە رىئايە قىلىش كېرەك بولىدۇ:           1–مەبلەغ سېلىش ئورۇنلىرىنى بىلىش كېرەك، بۇنى بىلىش ياخشىدۇر، نېمە تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان شىركەتكە مەبلەغ سېلىش توغرا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق شىركەتلەر جازانە مۇئامىلىسىگە ياكى چەكلەنگەن پايچېكىگە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا قىمارخانا، ھاراقخانا ۋە چەكلەنگەن ماللارنى ساتىدىغان ئورۇنلارغا مەبلەغ سېلىشى مۇمكىن.  سالغان مەبلەغنى تولۇق قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلماسلىقى، تىجارەتتە زىيان كېلىپ چىققاندا، بۇ زىيان شىركەتنىڭ كەمچىلىكى ياكى پەرۋاسىزلىقىدىن ياكى بۇ زىياننىڭ كېلىپ چىقىشىغا شىركەت سەۋەبچى بولمىغان بولسا، شىركەت باشقىلارنىڭ سالغان مەبلىغىنى تولۇق قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلمايدۇ.

بۇنداق بولىشى ئەسلى سەرمايە ھەقىقەتتە قەرز بولۇپ، قەرزدىن كەلگەن پايدا جازانە ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى سەرمايە تولۇق قايتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىنمايدۇ.

2–پايدا ئىككى تەرەپ بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئومۇمى پايدىنىڭ نىسبىتى بويىچە بولىدۇ، ئەسلى سەرمايىنىڭ نىسبىتى بويىچە بولمايدۇ، مەبلەغ سالغۇچى ئۈچۈن پايدىنىڭ ئۈچتىن بىرى ياكى يېرىمى ياكى 20% دېگەندەك بەلگىلىمە بويىچە بولىدۇ، ئەسلى سەرمايىنىڭ ھېسابى بويىچە بولمايدۇ.

پايدىنىڭ نىسبىتى ئېنىقسىز بولسا توغرا بولمايدۇ، ئېنىقسىزلىق شەرئى مۇئامىلىلەرنى بۇزىدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەبلەغ سېلىش كېلىشىمىنىڭ توغرا بولۇشىنىڭ شەرتلىرىدىن: ئىشچىنىڭ ئالىدىغان ئۈلۈشىنى بېكىتىش كېرەك، چۈنكى ئىشچى ئۇنى ئېلىشقا شەرت بىلەن ھەقلىق بولىدۇ، شەرت قىلمىغاندا ئۇنى بېكىتكىلى بولمايدۇ.

ئاندىن مۇنداق دېدى: ئەگەر، مەبلەغ سالغىنى، ساڭا پايدىدىن بىر قىسمى بېرىلىدۇ، ياكى پايدىغا شېرىك بولىسەن ياكى پايدىدىن، ئۈلۈشتىن ياكى نەسىۋىدىن بىر قىسمىنى ئالىسەن دېسە توغرا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ ئېنىقسىز، مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى پايدىدىن مەلۇم مىقدارنى بېكىتىش بىلەن توغرا بولىدۇ.

شېرىكچىلىكتىكى ھەر بىر شېرىكنىڭ پايدىدىن ئالىدىغان مىقدارى ئېنىق بولۇش كېرەك دېگەن ھۆكۈم مەبلەغ سېلىش سودىسىدىكى ھۆكۈمگە ئوخشاشتۇر. [ئەلمۇغنى -27-5/24بەت].

سىزنىڭ تور بەتتىن ئوقۇدۇم، ئالىدىغان نىسبەت 10% دىن 50% گىچە بولىدىكەن دېگەن سۆزىڭىزگە كۆرە، مۇشۇ نىسبەتنىڭ پايدىدىن بولىدىغانلىقى مەقسەت قىلىنىدۇ، بۇ نىسبەتنى بېكىتىشكە كۈپايە قىلمايدۇ، بۇ ئېنىقسىز بىر نىسبەت بولۇپ، مۇشۇنداق تور بېتىگە شېرىك بولۇش چەكلىنىدۇ، ئەگەر بېكىتىلگەن پايدىنىڭ نىسبىتى ئەسلى سەرمايىدىن بولىدۇ دېگەنلىك مەقسەت قىلىنسا بۇنىڭ چەكلەنگەنلىكى ئېنىقتۇر، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقى شېرىكچىلىك بولماستىن بەلكى جازانە شەكلىدىكى قەرزىگە ھىيلە قىلىنغان بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.